# 106526 ـ تەراۋىه نامىزىدا ئاجىز، بىمار، ياشانغان قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا

## سۇئال

ئىمامنىڭ تەراۋىه نامىزىدا ئاجىز، بىمار، ياشانغانلارنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇنداق قىلىش تەراۋىه نامىزى ۋە باشقا پەرز نامازلارنىڭ ھەممىسىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولساڭلار، نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن چۈنكى جامائەتنىڭ ئارىسىدا، ئاجىز،ياشانغان، ھاجەتمەنلەر ۋە كىچىك بالىلار بار». ئىمام جامائەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى، رامىزاندا تەراۋىه ۋە ئاخىرقى ئون كۈندىكى تەھەججۈت نامازلىرىدا ئۇلارغا كۆيۈنۈشى كېرەك. چۈنكى جامائەت ئارىسىدىكى كىشىلەر ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى تەراۋىه نامىزىغا كېلىشكە قىزىقتۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئىمام جامائەتكە ئېغىر كېلىدىغان ھالەتتە قىيام، رۇكۇ، سەجدىلەرنى ئۇزۇن قىلىۋەتسە، ئۇلارنى نامازغا كېلىشتىن ئۈركۈتۈپ قويسا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى نامازغا رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇرۇن كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ، بەك ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىكى بىرئاز قىسقىراق ئوقۇشى لازىم. كىشىلەر نامازنى خۇزۇـخۇشۇ بىلەن، ئارامدىللىق بىلەن ئوقۇيدۇ، بۇ شەكىلدە ئازراق ئوقۇلغان ناماز (رەكەت سانىدا) خۇزۇـخۇشۇ بولمىغان، كىشىلەردە خوش ياقماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە زېرىكىش پەيدا قىلغان (كۆپ ئوقۇلغان) نامازدىن ياخشىدۇر.